ئابدۇقادىر جالالىدىن

# كۆيگەن دېڭىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

كۆيگەن دېڭىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

15
1227
66

15
I227
66

ئابدۇقادىر جالالىدىن

# كۆيگەن دېڭىز

(شېئىرلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
空中阁/阿.加拉里丁著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.6
ISBN7—228—06428—3
Ⅰ.空… Ⅱ.阿… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1227
中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第028727号

# 空中阁

阿.加拉里丁著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 7.125印张
2001年6月第1版 2001年6月第1次印刷
印数:1—3000

ISBN7—228—06428—3/I.2369(民文)定价:10.00元

مەسئۇل تەھرىرى: ھاجى قۇتلۇق قادىرى
مەسئۇل كوررېكتور: ئىلياس رەھمى


كۆيگەن دېڭىز
ئاپتورى: ئابدۇقادىر جالالىدىن
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى № 348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋەنلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر، 1/23
باسما تاۋىقى: 7.125
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 ـ 3000
ISBN7 — 228 — 06428—3/I. 2369
باھاسى: 10.00 يۈەن



ئابدۇتاھىر جالالىدىن

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# ئاپتوردىن

ئادەملەرنىڭ بىلىمى ئاشتى.

ياشاش قىيىنلاشتى.

ياشاش ئېھتىياجى مېنى تاشقى تەسىرلەرنىڭ يىغىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئىچكى ھاياتىمنىڭ تۈۋشلىرىغا قۇلاق سالىدىغان چاغلىرىم نەقەدەر ئاز! سىرتىمدىكى ئاۋازلار مېنى كۆمۈپ تاشلىغان.

پاك كۆزلىرىمنى سىغدۇرالايدىغان بوشلۇق ئىزدەيمەن، يۇلتۇزلار يىراقلاپ كېتىشكەن. ئۇلارنىڭ غۇۋا جىمىرلاشلىرى توزۇغان شاپتۇل چېچەكلىرىنى ئېسىمگە سالىدۇ. ئاھ، مەڭگۈلۈكنىڭ سەپىرىدىكى دۇنيا نېمانچە پەرىشان!

جىق نەرسىلەرنى ئۆگۈنۈشۇم كېرەك. لېكىن، ئۆگەنگەنلىرىم ئىچىدە ئۆزۈمنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم، بىلىملىرىم ئىچىدە ئۆزۈمگە ئائىت نەرسىلەر ئاز قالغانسېرى، شۇنچە مۇساپىرلىق ھېس قىلىمەن. كاللام تەقدىرنىڭ ئەۋرىشكىلىرى بىلەن تولغان بىر شەھەركى، بۇ شەھەردىن ئۆزۈمنى تاپالمايمەن.

مىسلىسىز يوقسۇزلۇق مېنى غەمكىن قىلىپ قويىدۇ، ئۈچ - چېكى يوق غېرىبلىق مۇزدەك تۇمشۇقى بىلەن پېشانەمنى سۆيىدۇ.

مۇشۇنداق چاغدا شېئىر مېنى چاقىرىدۇ.

كىشىلەر ئارىسى بىر جاڭگال.

ئۆز - ئۆزۈمنى ئىزدەيمەن.

مەن شېئىر ئارقىلىق ئۆزۈمنى تاپالايمەن.

مەن شېئىر ئارقىلىق ئۆزۈمنى داۋالايمەن.

مەن شۇنداق بىر دارۋاز، قارار گاھىم كۆزۈمدىن يىراق، تاماشىبىنلىرىم يوق ھېسابتا.

تاكى ئىچكى كەچۈرمىشلىرىمنىڭ قۇدرىتى تولۇق نامايەن بولغۇچە بىر تەۋەككۈلچىمەن.

مەندىكى ئارزۇ شۇ: شەيئىلەرگە چۈشكەن بىر دەقىيقىلىق نەزىرىم مەڭگۈلۈك ھەقىقەتكە ئايلانسا دەيمەن.

ئۇنىڭغىچە كۆزلەرىمنىڭ جەۋھىرىنى شېئىرنىڭ بىلەي تېشىدا بىلەيمەن.

2001 - يىل ئاپرىل. ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


قىزارغان ئۆپۆق ................................ 1
غالىپ چوققىلار ................................ 2
ناخشا ................................ 3
ئەي، يامغۇر ................................ 7
تاڭدىكى يالقۇن ................................ 8
كارۋان قەسىدىسى ................................ 9
تاش قەسىدىسى ................................ 14
ھىجران ................................ 27
بەختىمنىڭ دىلبىرىنى قۇچالامدىم ................................ 28
ئاسمان تۇتار يۇلتۇزلاردىن گۇلدەستە ................................ 29
قانات قېقىپ ئۇچتى كىچىك قۇش ................................ 31
مەن بۇ ياقتا، سەن ئۇ ياقتا يىگانە ................................ 33
تىپىرلايدۇ جۇپ يۈرەك ................................ 35
ھىجران يېشى ................................ 36
كونا قەلئە ................................ 37
ئاھ، ئاي نۇرى ................................ 42
جانانغا ................................ 44
سېنىڭ كۆزلىرىڭ ................................ 45
ئوغۇز ................................ 46
جان ئىچىدە ................................ 47
پەلەك ۋە مەن ................................ 48

قاراچاچ بەزمىسى ......................................... 49
قەلەم ۋە شائىر ............................................ 50
پەردە .................................................... 52
مۆجىزات ................................................... 54
پورەكلىدى ئۈمىدىمنىڭ لالىسى ................................. 56
قىيا دولقۇن، مەن........................................... 57
خىياللار، خىياللار ......................................... 58
ئاق لەيلى.................................................. 60
غايىپ بولماس تامچىلار ...................................... 62
يەنە دېڭىز ................................................. 70
بوران مېنىڭ نامىمدىن ئۈنلەر.................................. 71
زېمىن بىر نوتا ............................................. 72
بىلەرسەنمۇ ................................................ 73
سەن سەھەردە غايىپ بولدۇڭ قاياققا............................. 75
چۇقان ..................................................... 76
چۈشەندىم بار ئىكەن شائىردەك كۆڭلۈك ......................... 77
ناخشامدا ياراتتىم قىشتىمۇ باھار.............................. 78
ئاھ، چۆل شاملى ............................................ 80
تىنىق....................................................... 82
ھىجران قىسسىسى ............................................ 83
تۇل ئانا .................................................. 84
رادىكال ئاستىدىكى دۇنيا...................................... 86
ئەلچى ..................................................... 87
ئۇيقۇدىكى پەرىزات........................................... 88
زاھىد ..................................................... 89
بارىمەن يەنە ............................................... 91

قىشتىكى خامان ........................ 92
يوپۇرماقسىز بىر تۈپ ئاق تېرەك ........ 94
بوۋاي ۋە ئاي ........................ 95
قۇيۇن ۋە سەھەر ........................ 97
سايە ........................ 99
مۇھەببەت لېرىكىلىرى ........................ 100
قەلئە ........................ 105
قۇش ناخشىسى ........................ 106
تامچە ........................ 107
ئۆلۈم ناخشىسى ........................ 108
ئەتىرگۈلدەك ئاپئاق ئاۋازىڭ ........................ 109
توزغاق ........................ 111
سۇمۇرغ ناخشىسى ........................ 120
كۆڭۈل گەردىشى ........................ 126
جىمجىتلىقتا بېغىشلاپ ........................ 132
كېچىنىڭ تاجى ........................ 133
ئېتىقادسىز ئېتىقاد ........................ 134
مەن سېنىڭ روھىڭدا يۇيۇنغان قىرغاق ........ 135
مەڭگۈلۈك ئىستىلىستىكىسى ........................ 137
ئۆز بېشىنى ئۇنتۇغان شېئىر ........................ 138
بەندىلىك خارابىسى ........................ 140
كۆيگەن دېڭىز ........................ 142
چۇقان بەزمىسىدىن قايتتى بىر دەريا ........ 149
قارا بۇژغۇن ........................ 151
ئېتىز ........................ 155
توزانلارغا ئايلانغان بىر سۆز ........................ 160

كەل، مەن بۇ يەردە ........................ 163
كېچە ئەينىكى ........................ 164
بۇ گۈنگە يېقىن ........................ 166
قايىم بۇلاق ........................ 168
قايتىش ........................ 170
تۇز قەسىدىسى ........................ 172
شاخ ........................ 176
كروران گۈزىلىگە ........................ 177
تېنگەن روھ ........................ 178
رەستە ........................ 180
تۇغۇلغان كۈن ........................ 181
ئاۋازسىز تىل ........................ 182
خىلۋەتتىكى يامغۇر تامچىسى ........................ 183
قىشنىڭ تەرجىمىسى ........................ 184
هايات ۋە شائىر ........................ 185
ۋەتەن ۋە ئىمان ........................ 186
ئاق قۇشقاچ ........................ 188
شەھەردىكى بالىلار ........................ 189
هاۋا قەسىرى ........................ 190
ئوت كەينىدىكى يامغۇر ........................ 195
مۇساپىر ناخشىسى ........................ 197
بۇگۈنكى رىۋايەت ........................ 198
ئۇنتۇلماس ئاخشام ........................ 199
ئاتەش ........................ 200
ساھىل ۋە هايات ........................ 201
سىرىنگۈل ........................ 202



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

سەھرادىكى سۆيگۈ قوشىقى ........................ 203
جانان قىز ........................................ 207
كۆزدىكى سېغىنىش ................................ 208
ئوقيا ........................................... 209
بويتاق ناخشىسى ................................. 210
يارغول خارابىسى ................................. 211
سەييياھ بالا ..................................... 214

# قىزارغان ئۆپۆق

پايانسىز ئېكىنزارنى ئاداققىچە دەم،
ئۇخلىتار تۈننىڭ قارا پۈركەنجىسى.
مەشرىقنىڭ ئاسمىنىداياندى شۇدەم،
قىزىل تاڭ يالقۇنىنىڭ سەرەڭگىسى.

كېچىنىڭ قارا رەڭگى ئۆڭۈپ ئاستا،
تەبىئەت ئاچتى غۇۋا چىرايىنى.
تورغايلار چالدى شۇ چاغ زورۇققاندەك،
پەس ئۈچۈپ ئويغىنىشنىڭ سۇنايىنى.

قىسىدە ئوقۇپ قۇشلار تاڭ شەنىگە،
گۈگۈمنىڭ جىمجىتلىقى بولدى غايىپ.
شوخ شامال ئۆيقۇدىكى كەڭ ئۆپۆقنىڭ
قارامتۇل چۈمبىلىنى ئاچتى قايرىپ.

كۆرگەندە ئىشقا ماڭغان يىگىت - قىزنى،
قىزاردى ئۆپۆق بىردىن خىجالەتتە.
پەزىلەت پەرىسىگە بېقىپ مەپتۇن
قۇياشمۇ ئاچتى چىراي كامالەتتە.

1984 - يىلى، قەشقەر

## غالىب چوققىلار

غۇرۇر بىلەن كۆك قەرىگە ئىنتىلەر،
كەچمىشكە باي ئاقباش تاغلار دولقۇنى.
قارا بۇلۇت تاشلاپ قارا كۆلەڭگە،
كۆزىتىدۇ تىك ۋە مەغرۇر چوققىنى.

پارتلىغاندەك توپىنىڭ ئوقى توساتتىن،
سادا كېلەر بۇلۇتلارنىڭ قېتىدىن.
غالىب ئۇندە جاۋاب بېرەر تاغلارمۇ،
چۇشمەي ھامان باھادىرلىق ئېتىدىن.

جاراھەتكە تولدى بۇلۇت قۇچىقى،
كۆككە يەتكەن چوققىلارنىڭ بىسىدىن.
جاھان ئىزگۇ تۇيغۇلارنى قۇچىدۇ،
جىرالاردا ئاققان پەلەك يېشىدىن.

1984 - يىلى، قەشقەر

# ناخشا

كىرپىكلەرنىڭ قاراۋۇلى ياندىشىپ،
ئۆزاتماستىن كۆزنى ئۇيقۇ ئۆيىگە.
سەمە بولدى سەگەك خىيال سىلكىنىپ،
بىر يۈرەكنىڭ مىسكىن تەنها كۈيىگە.

يىراق يەردىن كېلەر ئاستا يېقىنلاپ،
كولدۇرمىنىڭ بوغۇق بىر خىل ساداسى.
ئاڭا تەڭكەش بولغان لەرزان ناخشىنى،
سۇمۇرىدۇ تۈننىڭ سالقىن هاۋاسى.

ناخشا دىلنى هۇزۇرىغا سۆيلەيدۇ،
مەهلىيالىق بۆشۈكىدە تەۋرىتىپ.
مانا ئەمدى شۇنچە روشەن ئاڭلىنار،
مۇڭى يۈرەك بېغىشىنى تىترىتىپ.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
يامغۇر بولۇپ ياغارمۇ.
سېغىندۇرغان جانان قىز،
كۈلۈپ بىر كۈن باقارمۇ.

ھەرىكەتلىنىپ ئۆنئالغۇسى بېشىمنىڭ،
ناخشا زېھنىم لېنتىسىغا كۆچەتتى.
ئويغاق ھالدا مىنۇتلارنىڭ قاتارى،
خىيالى چۈش دۇنياسىدىن ئۆتەتتى.

ئۇزاق يوللار ياتار تىمتاس سوزۇلۇپ،
ئات ھارۋىسى بارار ئۇندا جىرىڭلاپ.
سايرىشىدۇ تۈن ۋىسالى ئىلكىدە،
ئىشرەت سۆرگەن چېكەتكىلەر چىرىلداپ.

كۆكنىڭ شايى رومالىدۇر ئاي نۇرى،
كەشتىسىدۇر ئاققۇ كەبى بۇلۇتلار.
رىشتە باغلاپ ئۇيقۇدىكى زېمىنغا،
تاشلار نەپىس تالا - تالا يورۇقلار.

توقايلىق ھەم دەرەخزارلار يىراقتىن،
تاشلىنىدۇ كۆزگە قارا سايىدەك.
قاراڭغۇلۇق مۆككەن ئورمان قېتىغا،
ئورمان ئۇنىڭ خىلۋەت پاناھ جايىدەك.

شۇتاپ غايەت سېھرى بىلەن مەست قىلىپ،
ھارۋىكەشنىڭ كۈيى قۇچار ئەتراپنى.
بولۇپ دالا ھوشسىزلىققا مۇپتىلا،
يېپىنغانچە ياتار كۆمۈش چايشاپنى.

رىتىملىق بىر مۇزىكىدەك تويۇلار،
كولدۇرمىنىڭ تىنىم تاپماس ئاۋازى.
يول چېتىدە تۇرار چۇۋۇپ چېچىنى،
تال - سۆگەتلەر، قورشاپ مۇڭنىڭ سەرۋازى.

ناخشا مۇڭى ئۆرلەپ ھەتتا پەلەككە،
ئۆڭدى تولۇن ئاينىڭ زەرگۈن جامالى.
ئاق بۇلۇتقا چۈمكەلدى ئاي، يۈزىگە —
ياغلىق تۇتۇپ يىغلىغان قىز مىسالى.

ئاينىڭ ئاشۇ ھالىتىنى بىرلا چاغ،
قانچە كۆللەر تارتىۋالدى سۈرەتكە؟
ئاسمان جاۋاب بېرەلمەستىن بولدى لال،
فوتو سۈرەت بابىدىكى كۆرەككە.

ناخشا چەكسىز تۇن باغرىغا تارايدۇ،
نۇر دولقۇنى ھەر تەرەپكە ئاققاندەك.
يەر ۋە كۆكتە ئاقۇش تۇمان لەيلەيدۇ،
زېمىن گويا مۇڭدىن ئېغىر تىنغاندەك.

ناخشا - تۇندە پەرۋاز قىلغان شۇ ئاھاڭ،
ئوتلۇق كۆڭۈل ئەسرارىنىڭ يەشمىسى.
باسقىنىدا پىراق كۈيچى قەلبىنى،
ئېغىزلاردىن چىقار كۈينىڭ چەشمىسى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com